# ئايالىنىڭ كېسەللىكى سەۋەبىدىن ھەجنى كېچىكتۈرسە بولامدۇ؟

[ الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur ]

پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن.تەمكىنى

2012 - 1433

IslamHouse.com

# هل يؤجل الحج بسبب مرض امرأته؟

« باللغة الأويغورية »


فضيلة الشيخ محمد صالح المنجد

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: ن. تمكيني



2012 - 1433

IslamHouse.com

# ئايالنىڭ كىسەللىكى سەۋەبىدىن ھەجنى كىچىكتۈرسە بولامدۇ؟

170799- نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

يولدىشىم شىركەت مەسئۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشى كۆپ ۋاقتى ناھايىتى قىس، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ يەنە بىر شىرىكى بولۇپ، ئۇنى ئورنىدا تۇرغۇزۇپ ھەج قىلىپ كەلسە كىپلەلەيدۇ. لېكىن بۇ يەردە يەنە بىر قىيىنچىلىق بار، ئۇ بولسىمۇ مەن ھامىلدار، تەخمىنەن ھەجدىن ئالتە ھەپتە بۇرۇن بوشىنىمەن، ئاساسلىق مەسىلە، مېنىڭ سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس، بەدىنىمنىڭ پەي-مۇسكۇللىرى ئاغرىيدۇ، ئەركىن ھەرىكەت قىلالمايمەن، بۇ قىيىنچىلىق بالىنى تۇغقاندىن كېيىن تېخىمۇ زىيادە بولۇشى مۇمكىن. ئائىلەمدە مېنىڭ ۋە بالىلىرىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان يولدىشىمدىن باشقا ھېچ قانداق يېقىنلىرىم يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن يولدىشىم ھەجنى بۇ يىلدىن كېلەر يىلغا كىچىكتۈرسە، بۇ شەرئەت رۇخسەت قىلغان ئۆزرۇ ھېسابلىنامدۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

1- مۇسۇلمان كىشى قاچان ھەج قىلىشقا قادىر بولسا كىچىكتۈرمەستىن دەرھال پەرز ھەجنى ئادا قىلىشى زۆرۈر.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن : «پەرز ھەجنى ئادا قىلىشقا ئالدىراڭلار. ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزى ئۈچۈن كېيىن قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ» . ئىمام ئەھمەد ( 2721). بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى ئىرۋائۇل غەلىلدە سەھىھ دەپ قارىغان(990).

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ھەج قىلىشنى مەقسەت قىلغان كىشى ئالدىرىسۇن» دېگەن بۇ ھەدىسنى ئەلبانىي سەھىھ ئەبۇ داۋۇتتا كەلتۈرگەن(1524).

2ـ ئەگەر ئايال كىشى يولدىشى پەرز ھەجنى ئادا قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلسا، ئۆيدە قارىغۇچىسى يوق سەۋەبلىك ھەقىقى شەكىلدە زىيانغا ئۇچراپ قالىدىغان بولسا، بۇنداق ھالەتتە يولدىشىنىڭ پەرز ھەجنى يەنە بىر يىلغا كېچىكتۈرۈشى دۇرۇس بولىدۇ. ئائىلە-بالىلىرىدىن ئەنسىرەپ قالغان كىشى ھەج قىلىشقا قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلانمايدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ : ﴿وَلِلَّهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلًا ﴾ «قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى.» [ئال-ئىمران 97-ئايەت].

لېكىن ئايالىنىڭ يېنىدا ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرى ياكى خىزمەتچى ئاياللاردىن بىرىنى تۇرغۇزۇپ قويۇش ئىمكانىيىتى بولۇپ قالسا، ئۇ ۋاقىتتا يولدىشى ھەجگە بېرىپ، ھەج

پائالىيىتىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مەككە شەھىرىدە كۆپ تۇرماستىن دەرھال قايتىپ كەلسە بولىدۇ. ئەگەر بۇنداق قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىسا، يەنى ئايالى يولدىشىنىڭ ئۆز يېنىدا تۇرۇشىغا ئېھتىياجلىق بولسا، بۇنداق ھالەتتە ھەجنى كېچىكتۈرسە بولىدۇ، مانا بۇنىڭدەك ئەھۋاللاردا مەزكۇر كىشى ئۆزۈرلۈك ھېسابلىنىدۇ.

توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.